# 11422 ـ ئايالى قىزتۇغسا نارازى بولۇشنىڭ ھۆكمى

## سۇئال

سوئال: بەزى مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرى قىز تۇغۇلسا دەرتلىنىدۇ، ھەتتا ئەگەر ئايالى قىز تۇغسا تالاق قىلىش بىلەن تەھدىت قىلغانلارمۇ بار. بۇ ھەقتە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭلار؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئالالاھ قىز پەرزەنت بەرسە ئۇنىڭغا رازى بولماسلىق جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە مۇنداقلار قاتتىق سۆكۈلگەن. بەزى دوختۇرخانىلاردا ئاياللىرى قىز تۇغقانلارنىڭ ھالىغا قارىسىڭىز ئۇلاردا ئەينەن جاھىلىيەتنىڭ تەسىرىنى ۋە جاھىلىيەت قالدۇقلىرىنى كۆرىسىز. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش. ئالالاھ مۇنداقلارنى سۆكۈپ « ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ.
يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى اللهغا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!»(نەھل يۈرىسى 58−59− ئايەتلەر).
بەزى دوختۇرخانىلاردا بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇللىقىنى رەسىمگە ئېلىش ئارقىلىق بىلگەن ئەرلەرنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. بالا ئوغۇل بولسا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خوشاللىقتىن كۈلىدۇ. ئەگەر قىز بولسا چىرايلىرى تۈرۈلۈپ بىگۇناھ ئايالىغا ئازار قىلىدۇ. بۇ ئەينەن جاھىلىيەت ئەخلاقى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدا ئايالىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ بۇنداق نارازىلىقنىڭ خەتەرلىرى چوڭدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇنداق قىلىش ئالالاھنىڭ تەقدىرىگە قارشى چىققانلىق.
2. مۇنداق قىلىش ئالالاھقا شۈكۈر قىلىش ئورنىغا نا شۈكۈرلۈك قىلغانلىق. مۇنداقلار ئالالاھنىڭ ئازابىغا لايىق بولغۇچىلاردۇر.
3. مۇنداق قىلىش ئايالىنى خورلىغانلىق، شەنىنى چۈشۈرگەنلىك ۋە ئۇنىڭدىن قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى تەلەپ قىلغانلىق.
4. مۇنداق قىلىش ئەبگالىق ۋە ئەخمەقلىق ۋە ئەقىلسىزلىق.
5. مۇنداق قىلىش جاھىلىيەت ئەخلاقىنى داۋام قىلدۇرغانلىق.

مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئۆزىنى مۇنداق ھالاكەتتىن قۇتقۇزىشى لازىم. ئالالاھنىڭ تەقدىر قىلغىنىغا رازى بولۇش پەرزدۇر. رازىمەنلىك مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى.
قىزلارنىڭ ئارتۇقلىقى ھەممىگە مەلۇم مەسىلە. ئۇلار ئانىلىرىمىز، ئۇلار قىزلىرىمىز، ئۇلار ھەدە – سىڭىللىرىمىز، ئۇلار ئاياللىرىمىز، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ يېرىمى. جەمئىيەتنىڭ يېرىمى بولغان ئەرلەرنىمۇ شۇلار تۇغىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەممىسىدۇر.(

ئىبنى قەييىمنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالا توغرۇلۇق ئەھكاملارنامىلىق ئەسىرى 16– بەت).

قىزلارنىڭ ئارتۇقلىقىنى ئاللاھ بايان قىلىپ، ئۇلارنى ئوغۇللارنىڭ بايانىغا ئىلگىرى قىلغان: الله نىمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ(شۇرا سۈرىسى49– ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالاممۇ قىزلارنى ئارتۇق سانىغان ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان.ئۇ مۇنداق دېگەن:

كىمكى مۇشۇ قىزلارنىڭ خاپىلىقىنى تارتىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىكەن، ئۇلار ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇزاختىن قالقان بولىدۇ.

(مۇسلىم).